# بىز ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەرلىرى كۆپ بولغان كىشىلەردىن ئىدۇق، يەرنى كىراغا بېرەتتۇق ۋە بۇ تەرەپتە ئۈنگىنىنى بىزگە، ئۇ تەرەپتە ئۈنگىنىنى تېرىغۇچىلارغا دەپ ئايرىيتتۇق، بەزى يىلى بۇ تەرەپتە بىر نەرسە ئۈنمەي، ئۇ تەرەپتە ئۈنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ شەكىلدە يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن چەكلەندۇق، ئەمما كۆمۈشكە(نەخ پۇلغا) ئىجارىگە بېرىشتىن چەكلەنمىدۇق

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەرلىرى كۆپ بولغان كىشىلەردىن ئىدۇق، يەرنى كىراغا بېرەتتۇق ۋە بۇ تەرەپتە ئۈنگىنى بىزگە، ئۇ تەرەپتە ئۈنگىنى تېرىغۇچىلارغا دەپ ئايرىيتتۇق، بەزى يىلى بۇ تەرەپتە بىر نەرسە ئۈنمەي، ئۇ تەرەپتە ئۈنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ شەكىلدە يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن چەكلەندۇق، ئەمما كۆمۈشكە (نەخ پۇلغا) ئىجارىگە بېرىشتىن چەكلەنمىدۇق»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە تېرىلغۇ يەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا ۋە توغرا بولمىغان شەكلى تەپسىلى بايان قىلىنغان. رافىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز جەمەتىنىڭ مەدىنە خەلقى ئارىسىدا باغ ۋە تېرىلغۇ يەرلىرى كۆپ كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت كۆرسەتمىسى بويىچە تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، زېمىننى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن كىراغا بېرىدىغانلىقىنى، يەر ئىگىسى ئۈچۈن زېمىننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۈنگىنى، زىرائەت تېرىغۇچى ئۈچۈن زېمىننىڭ سول تەرىپىگە ئۈنگىنى دەپ ئايرىيدىغانلىقى، بەزى يىللىرى، ئوڭ تەرەپتە زىرائەت ئۈنۈپ، سول تەرەپتە زىرائەت ئۈنمەي قالىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇ شەكىلدىكى مۇئامىلىدىن چەكلىگەن، چۈنكى بۇ شەكىلدىكى مۇئامىلىدە ئالداش ۋە ئېنىقسىزلىق بار بولۇپ، يەرنى ئالغاندىن كېيىن بېرىدىغان نەرسىمۇ ئېنىق بولۇش كېرەك، پايدا ئالغاندىمۇ ۋە زىيان تارتقاندىمۇ ئوخشاش بولۇش كېرەك، زېمىندىن چىققان مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنىڭ باراۋېرىگە يەرنى تېرىش ياكى سۇغۇرۇش بولسا پايدا-زىياندا ئادىللىق بىلەن باراۋەر بولۇشقا قۇرۇلغان بولىدۇ، زېمىن ئىگىسى ۋە ئىجارىگە ئالغۇچىدىن ئىبارەت ھەر بىر كىشىگە زېمىندىن چىققان نەرسىنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى يېرىمى دېگەندەك مەلۇم نىسبەتتە بىر نەرسە بەلگىلىنىدۇ، ئەگەر زېمىن بىر نەرسە بېرىش بەدىلىگە تېرىشقا بېرىلسە، بۇ ئىجارە ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدا بېرىدىغان نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەك بولىدۇ، ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشكە ياكى قەغەز پۇلغا ئىجارىگە بەرسە بېرىدىغان نەرسىنىڭ مىقدارى ئېنىق بولسا بۇ شەكىلدىكى ئىجارە دۇرۇس بولىدۇ، ئەگەر زېمىندىن چىققان نەرسىدىن مەلۇم مىقدارنى بېرىشكە كېلىشكەن بولسا بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تېرىقچىلىق قىلىش دېيىلىدۇ، ھەدىستىمۇ «ئادا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنغان مەلۇم نەرسىگە ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ»

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee